# 329 - قول بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنى قانداق داۋالاش توغرىسىدا

## سوئال

مېنىڭ دېيىشتىن خىجىل بولىدىغان بىر سوئالىم بار، لېكىن بۇ يەردە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر ھەمشىرەم ئۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغۇاتىدۇ، مەندە قۇرئان-ھەدىس بىلەن دەلىللەنگەن جاۋاب يوق، بىزگە ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر سوئالىم مۇناسىپ بولمىسا، ئاللاھ تائالادىن مېنى ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن، لېكىن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشتە خىجىل بولماسلىقىمىز كېرەك، ئۇ قىزچاقنىڭ سوئالى: ئىسلام دىنىدا قول بىلەن لەززەتلىنىش توغرا بولامدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن!.

قۇرئان-ھەدىستىن دەلىللەر بولغانلىقى ئۈچۈن قول بىلەن لەززەتلىنىش ھارامدۇر:

بىرىنچى: قۇرئان كەرىم: ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمام شاپىئى رەھمەھۇللاھ ۋە قول بىلەن لەززەتلىنىشنى ھارام دېگەن كۆزقاراشتىكى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى دەلىل قىلغان: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ. إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ. فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْعَادُونَ﴾ تەرجىمىسى: **«ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر، (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت ئاياللىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ)، بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.»** [مۆمىنۇن سۈرىسى 4-6-ئايەت].

ئىمام شاپىئى رەھمەھۇللاھ نىكاھ كىتابىدا: "ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرىدىن ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر دېگەن ئايەتتىن ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقا ئورۇنلارغا ئىشلىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى" دېدى، ئاندىن بۇنى تەكىتلەپ: **«بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.»** ئەۋرىتىنى ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلارغا ئىشلىتىش ھالال بولمايدۇ، قولى بىلەن لەززەتلىنىشمۇ ھالال بولمايدۇ، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. [ئىمام شاپىئىنىڭ "ئەلئۇم"ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى].

بەزى ئۆلىمالار قولى بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن دەلىل قىلدى: ﴿وَلْيَسْتَعْفِفْ الَّذِينَ لا يَجِدُونَ نِكَاحًا حَتَّى يُغْنِيَهُمْ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ﴾ تەرجىمىسى: **«ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن.»** [نۇر سۈرىسى 33-ئايەت]. يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئىپپەتلىك بولۇشقا بولغان بۇيرۇق ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا سەۋر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ھەدىس شەرىف: ئۇلار بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلدى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇرغان ياشلار بىرەر نەرسە تاپالمايتتۇق، بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئى ياشلار! توي قىلىشقا قادىر بولالايدىغانلار (تويىنىڭ بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىگە) توي قىلسۇن، توي قىلىش ئىنساننىڭ كۆزىنى ۋە ئەۋرىتىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلار روزا تۇتسۇن، روزا ئۇ كىشى ئۈچۈن شەھۋەتنى كېسىدۇ، يەنى ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، دېگەن.»** [بۇخارى رىۋايىتى 5066-ھەدىس].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارنى توي قىلىشتىن ئاجىز كەلگەندە قىيىن بولسىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى، ھەرگىزمۇ روزا تۇتۇشتىن ئاسان بولغان، مەنى قوۋۋىتى ئېتىلىپ چىقىدىغان قول بىلەن لەززەتلىنىشكە بۇيرىمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە رۇخسەتمۇ قىلمىدى.

بۇ مەسىلە توغرىسىدا يەنە دەلىللەر بولسىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى بىلەن كۇپايىلىنىمىز، ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

شۇ ئىشقا دۇچار بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تۆۋەندە بولىدىغان نەسىھەت ۋە باسقۇچلارنى بايان قىلىمىز:

1- ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنۇش ۋە توسقانلىرىدىن چەكلىنىش بۇ ئادەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۆۋەندە بولىدۇ.

2-ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتىشنىڭ چارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلارغا قىلغان تەۋسىيىسىگە بويسۇنۇپ توي قىلىشتىن ئىبارەت.

3-كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسە، تەشۋىشلەرنى يوق قىلىپ، كۆڭلىنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا مەشغۇل قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش، چۈنكى ۋەسۋەسىدە ئىزچىل داۋاملىشىش ئىنساننى شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، كىرىشىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قىيىن بولىدۇ.

4-ئىنسان كۆزىنى ھارام نەرسىلەردىن ساقلاش كېرەك، چۈنكى كىشىلەرگە، مەيلى جانلىق بولسۇن، ياكى سۈرەتتى بولسۇن پىتنە تېرىغۇچى رەسىملەرگە قاراش ۋە كۆزىنى مەيلىگە قويۇۋېتىش كىشىنى ھارامغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ

ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ﴾ تەرجىمىسى: **«مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن.»** [نۇر سۈرىسى 30-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئارقمۇ-ئارقا قارىمىغىن»** دېگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى 2777-نومۇرلۇق ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" 7953- نومۇرلۇق ھەدىستە ھەسەن ھەدىس دەپ كەلتۈرگەن].

ئەگەر بىرىنچى قېتىم تۇيۇقسىز قاراپ قالسا بۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ، ئىككىنچى قېتىم بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ قاراش ھارام قىلىنغاندۇر، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرىنى قوزغايدىغان ۋە قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەر تېپىلىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق بولۇشى لازىم.

5-تۈرلۈك ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، گۇناھ-مەسىيەتكە بوش ۋاقىت قويماسلىق كېرەك.

6-شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار، مەسىلەن: كۆزنىڭ ئاجىزلىشىشى، نېرۋىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، جىنسى ئەزاسىنىڭ ئاجىزلىشىشى، دۈمبىسىنىڭ تېلىپ ئاغرىشى قاتارلىق دوختۇرلار تىلغا ئالغان كېسەللىكلەرنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. شۇنىڭدەك ئېچى تىتىلداش، ۋىجدان ئازابى چېكىش قاتارلىقلاردەك پسىخىلىق زىيانلار، بۇنىڭدىنمۇ زور بولغىنى سوغۇق كۆنلەردە بىر قانچە قېتىم يۇيۇنۇش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن نامازلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ زايە قىلىۋېتىش ۋە روزىسىنى بۇزۇۋېتىش دېگەنلەرنى ئىتبارغا ئېلىش لازىم.

7-ئۆزىنى قانائەتلەندۈرىدىغان خاتا پىكىرنى يوق قىلىش، چۈنكى بەزى ياشلار پاھىشەگە مەگگۈ يېقىنلاشمايدىغان تۇرۇقلۇقمۇ، مۇشۇ ئىشنى نەپسىنى زىنادىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن دۇرۇس بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

8-كەسكىن ئىرادىنىڭ كۈچى ۋە قەتئىيلىك بىلەن قوراللىنىش، ھېچ بىر كىشى شەيتانغا بويسۇنماسلىقى، ياتاقتا ياكى ئۆيدە يالغۇز قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ھەدىستە: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئۇخلىشىنى چەكلىدى»** دەپ بايان قىلىنىدۇ. [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 6919 – نومۇرلۇق ھەدىستە بايان قىلىنغان].

9-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسىنى قوللىنىش، ئۇ بولسىمۇ روزا تۇتۇشتۇر، چۈنكى روزا شەھۋەتنىڭ كۈچلۈكلىكىنى سۇندۇرىدۇ ۋە ھەۋەسنى كەتكۈزىدۇ، بۇ ئىشنى قايتىلىماسلىققا قەسەم قىلىش، ياكى قىلىپ سالسا نەزىر قىلىش دېگەندەك غەيرى ئالامەتلەردىن ھەزەر قىلىش كېرەك، چۈنكى قەسەم قىلىپ بولۇپ، ئۇ

ئىشنى يەنە قايتا تەكرارلاش كۆچلەندۈرۈلگەن قەسەمنى بۇزىدۇ، شۇنىڭدەك شەھۋەتنى تىنچلاندۇرىدىغان دورىلارنىمۇ ئىستىمال قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا تىببى جەھەتتە بەدەنگە زىيىنى بولىدۇ، سۈننەتتە شەھۋەتنى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىدىغان نەرسىلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشتىن چەكلەشنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلار مەۋجۇت.

10-ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا، تاللانغان دۇئالارنى ئوقۇش، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىپ ئۇخلاش قاتارلىق شەرئى ئەدەپلەرگە رىئايە قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن دۈم يېتىپ ئۇخلاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

11-سەۋرلىك ۋە ئىپپەتلىك بولۇش كېرەك، چۈنكى بىزنىڭ هارام ئىشلاردىن ساقلىنىشتا، گەرچە كۆڭلىمىز ئۇنى تارتىپ تۇرسىمۇ سەۋرچان بولىشىمىز زۆرۈر بولىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، نەپسنى ئىپپەتلىك بولۇشقا بويسۇندۇرۇش ئاقىۋەتتە شۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىشى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ بىھاجەت قىلىدۇ، سەۋرچان بولۇشنى تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ سەۋرچان قىلىدۇ، ئىنسانغا سەۋرچانلىقتىنمۇ ياخشى ۋە كەڭرى نېمەت بېرىلمىدى.»** [بۇخارى رىۋايىتى1469-ھەدىس].

12-ئىنسان مۇشۇنداق خاتالىققا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك بىلەن بىرگە، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىشقا، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا ئالدىراش كېرەك، چۈنكى ئۈمىتسىزلىك چوڭ گۇناھتۇر.

13-ئاخىرىدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش، دۇئا بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش، مۇشۇ ئادەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىش، بۇ ئەڭ كاتتا سەۋەبدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.